# 156110 - قىز-خانىملار رامىزاندا دورا ئىشلىتىپ ئايلىق ئادىتىنى قەستەن كەلتۈرسە توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

مەن "ئاياللىق تۇخۇمدانچىسى بالدۇر بۇزۇلۇش" دېگەن كېسەلگە دۇچار بولدۇم، يەنى ئايلىق ئادەت ئىختىيارى كەلمەستىن دورا ئىشلىتىش ئارقىلىقلا كېلىدۇ. رامىزاندا ئايلىق ئادىتىمنى دورا ئارقىلىق كەلتۈرسەم توغرا بولامدۇ؟ شۇنىڭدەك ئايلىق ئادىتىمنى كەلتۈرمەسلىكىمۇ ئىمكانىيەت بار چۈنكى ئىختىيارلىق مېنىڭ قولۇمدا. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى:
ئايال كىشى ئايلىق ئادەتنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن
دورا ئىچىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، سوئالدا بايان
قىلىنغاندەك ئايلىق ئادىتى پەقەت دورا ئىچىش ئارقىلىقلا
كەلسە ياكى ئادەتتىكى ئاياللاردەك نورمال تەرتىپ
بىلەن كەلمىسە، ئىشلەتكەن دورىسى شەرىئەتتە
چەكلەنمىگەن ۋە سالامەتلىكىگە زىيان
يەتكۈزمەيدىغان بولسا، ئايلىق ئادەتنى دورا ئارقىلىق
كەلتۈرسە دۇرۇس بولىدۇ.

دورا
ئىشلەتكەندىن كېيىن ھەيز كەلسە، ئۇ
ئايال نورمال ھالەتتە ھەيز كۆرىدىغان ئاياللارغا ئوخشاش
ھەيزدارلىق مۇددىتىدە ناماز ئوقۇمايدۇ
ۋە روزا تۇتمايدۇ، ھەيزدىن پاك بولغاندىن

كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ.

ئىمام
نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق
دەيدۇ: "ھەيز كۆرۈش ئۈچۈن دورا
ئىشلىتىپ ھەيز كۆرگەن بولسا ئۇ ئايال ساقايغاندا
نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك
تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش
ئۈچۈن دورا ئىشلىتىپ
چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا ۋە نىپاسدار
بولۇپ قالغان بولسا، نىپاسدارلىق مۇددىتى ئىچىدە ئوقۇيالمىغان
نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ". [ئەل مەجمۇئ
310].

ئىككىنچى:
ئايال كىشى رامىزاندا روزا تۇتماسلىق نىيىتىدە رامىزاندا ياكى
رامىزان ئىيى يېقىنلاشقاندا بۇنداق دورىلارنى
قەستەن ئىستىمال قىلىش ھارام بولىدۇ.

ئىمام
مەرداۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق
دەيدۇ: "ئايال
كىشى ئايلىق ئادىتىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن دورا
ئىشلەتسە توغرا بولىدۇ، شەيخ تەقىيددىن ئىبنى
تەيمىيە"ئەلپۇرۇئ" ناملىق ئەسىرىدە
بۇ ھەقتە توختىلىپ، پەقەت رامىزاندا ياكى رامىزان
ئىيى يېقىنلاشقاندا روزا تۇتماسلىقنى مەقسەت قىلىپ،
ھەيز كەلتۈرىدىغان دورىلارنى ئىشلەتسە
بولمايدۇ".

ئىمام
مەرداۋىي: بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ
يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. [ئەلئىنساپ 1-توم 273-
بەت، ئەلپۇرۇئ 1-توم 393- بەت،پەتاۋا ئەلكۇبرا 5-
توم 315-بەت.

شەيخ
مەنسۇر بەھۇتىي رەھىمەھۇللاھ
مۇنداق دەيدۇ: "ئايال كىشى ئۈچۈن ھەيزنى
كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇرۇس بولغان دورىلارنى
ئىستىمال قىلىش توغرا بولىدۇ. رامىزان يېقىنلاشقاندا رامىزاندا
روزا تۇتماسلىق ئۈچۈن سەپەر قىلىش توغرا بولمىغانغا
ئوخشاش، رامىزان يېقىنلاشقاندا رامىزاندا روزا تۇتماسلىقنى
مەقسەت قىلىپ ھەيز كەلتۈرىدىغان دورىلارنى
ئىشلەتسە بولمايدۇ".

[كەششافۇل
قەننائ 1- توم 218-بەت].

توغرىسىنى ئاللاھ
بىلگۈچىدۇر.